قَلَّعَ يُقَلِّعُ تَقْلِيعًا الشَّجَرَةَ: دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتتى.

قَلَّعَتِ الْعَاصِفَةُ الْأَشْجَارَ: بوران دەرەخلەرنى قومۇرۇپ تاشلىدى.

قَلَّلَ يُقَلِّلُ تَقْلِيلًا: قىسقارتتى، كېمەيتتى.

﴿وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ﴾ «قرآن»: سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن، دەپ) ئاز كۆرسەتتى.

قَلَّلَ مِنَ الْمَعُونَةِ: تۇرمۇش ياردەم پۇلىنى كېمەيتتى.

قَلَّمَ يُقَلِّمُ تَقْلِيمًا الشَّخْصُ ظُفْرَهُ: تىرنىقىنى ئالدى.

قَلَّمَ أَظَافِرَ خَصْمِهِ: دۈشمەنىنىڭ كۈچىنى چەكلىدى.

قَلَّمَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى چاتىدى.

قَلَّمَا (قل ـ ما): ئىنتايىن ئاز، ئاز ئۇچرايدىغان، كەمدىن ـ كەم.

قَلَّمَا يَزُورُنَا: ئۇ بىزنى كەمدىن ـ كەم يوقلايدۇ.

قُلَّلِيٌّ: كومزەكچى.

قَلَمَ يَقْلِمُ قَلْمًا: كەستى، قىرقىدى.

قَلَمَ الظُّفْرَ: تىرناقنى ئالدى.

قَلَمَ الْقَلَمَ: قەلەمنى ئۇچلىدى.

قَلَمٌ ج أَقْلَامٌ: قەلەم.

قَلَمُ التَّحْرِيرِ: تەھرىر بۆلۈمى.

قَلَمُ حُمْرَةٍ: لەۋ سۇرۇخ.

قَلَمُ رَصَاصٍ: قېرىنداش قەلەم.

قَلَمُ زَلَّةٍ: قەلەم سەۋەنلىكى.

قَلَمُ حَوَاجِبَ: قاشلىق قەلىمى.

قَلَم حِبْرٍ: گاڭبى.

قَلَمُ الْمُرُورِ: قاتناش ئىدارىسى.

قَلَمُ الْمَطْبُوعَاتِ: مەتبۇئات ئىدارىسى.

قَلَمُ تَحْرِيرِ الْجَرِيدَةِ: گېزىتخانا.

مَقَالَةٌ بِقَلَمِ فُلَانٍ: پالانىنىڭ ماقالىسى.

أَهْلُ الْقَلَمِ: بىلىمدارلار.

بِجَرَّةِ قَلَمٍ: بىر ئېغىز سۆز بىلەن.

فَصَلَهُ مِنْ عَمَلِهِ بِجَرَّةِ قَلَمٍ: بىر ئېغىز گەپ بىلەن

ئىشتىن بوشتۇۋەتتى.

يَعِيْشُ مِنْ قَلَمِهِ: يېزىقچىلىق بىلەن جان باقىدۇ.

أَخْطَاءُ الْأَقْلَامِ: قەلەم خاتالىقى.

قَلَمِيٌّ: يازما، قەلەمنىڭ.

قَلَنْسَوَةٌ ج قَلَانِسُ وَ قَلَانِيْسُ وَ قَلَاسٍ وَ قَلَاسِيٌّ: باش كىيىم، شلەپە.

أَصْحَابُ الْقَلَنْسَوَةِ السَّوْدَاءِ: بۇددا روھانىيلىرى، بوپ.

قَلْوٌ: قورۇماق، پىشۇرماق.

قِلْوٌ: يېنىك، جەپدەس؛ شولتا، ئىشقار، سودا.

قَلُوبٌ: تۇراقسىز، مەۋقەسىز، ئۆزگىرىشچان.

قَلْوَزَ يُقَلْوِزُ قَلْوَزَةٌ الْمِسْمَارَ: ۋىنتنى بۇرىدى.

قِلْوِيٌّ: شورلۇق، ئىشقارلىق.

قِلْوِيَّةٌ: شورلۇق، تۇزلۇق.

إِصْلَاحُ الْأَرَاضِي الْقِلْوِيَّةِ: شورلۇق يەرلەرنى ئۆزگەرتىش.

قِلْوِيَّاتٌ: ئۆسۈملۈكنىڭ ئىشقارلىق ماددىسى.

قَلَى يَقْلِي قَلْيًا اللَّحْمَ: گۆشنى قورۇدى.

قَلَتِ السَّمَكَ: بېلىقنى قورۇدى.

قَلِيَ يَقْلَى قِلًى وَ قِلَاءً وَ مَقْلِيَةً الرَّجُلَ: ئۆچ كۆردى، نەپرەتلەندى، غەزىپىنى كەلتۈردى.

﴿مَاوَدَّعَكَ رَبُّكَ وَمَا قَلَى﴾ «قرآن»: (ئى مۇھەممەد) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق.

قِلًى: ئۆچ كۆرمەك، يامان كۆرمەك، نەپرەتلەنمەك، دۈشمەنلىك، ئاداۋەت؛ شۇلتا، ئىشقار.

قَلْيٌ قورۇماق، پىشۇرماق.

قِلْي . قِلًى: شۇلتا، ئىشقار، سودا.

قَلِيبٌ ج قُلُبٌ وَ أَقْلِبَةٌ: قۇدۇق.

«أَنَّهُ وَقَفَ عَلَى قَلِيبِ بَدْرٍ» «حديث»: ئۇ بەدرى قۇدۇقى ئۈستىدە توختىدى.

قَلِيدٌ: ئېشىلگەن، ئېگىرىلگەن.

قِلِيْسٌ: ھەسەل، ھەسەل ھەرىسى، بېخىل، پىخسىق.

قَلِيلٌ ج قَلَائِلُ وَ أَقِلَّاءُ م قَلِيلَةٌ ج قَلِيلَاتٌ وَ قَلَائِلُ: ئاز، كەم، مىقدارى ئاز، يېتەرسىز.

قَلِيلُ الْعَدَدِ: ئاز سانلىق، سانى ئاز، ئازچىلىق.

قَلِيلُ الْوُجُودِ: كەم ئۇچرايدىغان، كەم كۆرۈلىدىغان.

قَلِيلُ الصَّبْرِ: سەۋرسىز، چىدامسىز.

﴿كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللهِ﴾ «قرآن»: ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

قَلِيلًا مَايَزُورُ أَصْدِقَاءَهُ: ئۇ دوستلىرىنى كەمدىن ـ كەم يوقلايدۇ.

عَمَّا قَلِيلٍ يَأْتِيْنَا: ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا بىرئازدىن كېيىن كېلىدۇ.

مَجْمُوعَةٌ قَلِيلَةٌ: كىچىك توپ، كىچىك توپلام.

قُمَاحٌ: ھايۋاناتلاردا بولىدىغان بىر خىل سۇ ئىچمەسلىك كېسىلى.

أَصَابَ الْقُمَاحُ الْبَعِيرَ: تۆگە سۇ ئىچمەس كېسىلى بولۇپ قالدى.

قُمَادٌ: پۇختا، مۇستەھكەم، كۈچلۈك؛ قوپال، توڭ.

قِمَارٌ: قىمار.

نَوَادِي الْقِمَارِ: قىمارخانا، تاۋكا.

قُمَاشٌ ج أَقْمِشَةٌ: پارچە ـ پۇرات تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت؛ رەخت، توقۇلما مال.

قُمَاشُ الْبَيْتِ: ئۆي سايمىنى.

قُمَاشُ النَّاسِ: لۈكچەكلەر.

قُمَاشٌ نِيْلِيٌّ: كاناپ رەخت، چىگە رەخت.

قُمَاشٌ صُوفِيَّةٌ: يۇڭ توقۇلما.

قُمَاشُ شُغْلِ الصِّنَارَةِ: ئىلمە توقۇلمىچىلىق.

الْقُمَاشُ الصُّوفِيُّ السَّمِيكُ: سوكنا.

«هَلْ تُحِبّ الْحِذَاءَ الْقُمَاشِيَّ»: لاتا ئاياغنى ياخشى كۆرەمسەن؟

قُمَاصٌ: سەكرىمەك، ئۇركۇمەك، چاپچىماق.

قِمَاطٌ ج قُمُطٌ ج أَقْمِطَةٌ: زاكا؛ تانا.

قُمَامَةٌ ج قِمَامٌ وَ قِمَامَاتٌ: ئەخلەت.

صُنْدُوقُ الْقُمَامَةِ: ئەخلەت ساندۇقى.

«تُوْضَعُ الْقُمَامَةُ فِي صُنْدُوقٍ مُغْلَقٍ»: ئەخلەت يېپىقلىق ساندۇققا تاشلىنىدۇ.

أَكْوَامُ الْقُمَامَةِ: ئەخلەت دۆۋىلىرى.

قَمَأَ يَقْمَأُ قَمَأً: خار بولدى، كەمتەر بولدى.

قَمَأَ يَقْمَأُ قَمْأً الرَّجُلَ: خارلىدى.

قَمَأَ الشَّيْءَ: توپلىدى، جەملىدى.

قَمُؤَ يَقْمُؤُ قَمَاءً وَ قَمَاءَةً الرَّجُلُ: كىشى ۋىجىك بولدى؛ خار بولدى.

قَمُؤَ الْغَرِيبُ: مۇساپىر خار بولدى.

قَمَحَ يَقْمَحُ قَمْحًا الشَّرَابَ: شارابنى زىرىكتى، سەسكەندى.

قَمْحٌ ج قُمُوحٌ: بۇغداي.

سُنْبُلَةُ قَمْحٍ: بۇغداي باشىقى.

«إِجْمَعْ سَنَابِلَ الْقَمْحِ فِي الْحُقُولِ جَمْعًا دَقِيقًا»: ئېتىزدىكى چېچىلىپ كەتكەن باشاقلارنى تولۇق يىغىۋال.

قَمْحَةٌ ج قَمَحَاتٌ: بىر تال بۇغداي؛ 684 گرامغا تەڭ ئۆلچەم بىرلىكى.

قَمْحِيٌّ: بۇغداي رەڭ، بۇغداي ئۆڭ.

فَتَاةٌ قَمْحِيَّةُ الْبَشَرَةِ: بۇغداي ئۆڭ قىز.

قَمَدَ يَقْمِدُ قَمْدًا وَ قُمُودًا: باش تارتتى، رەت قىلدى.

قَمِرَ يَقْمَرُ قَمَرًا الرَّجُلُ: قاردا كۆرەلمەس بولۇپ قالدى، قار قارىغۇسى بولۇپ قالدى.

قَمِرَ الشَّيْءُ: نەرسە ئاپئاق بولدى.

قَمَرَ يَقْمِرُ قُمُورًا الرَّجُلُ: كىشى قىمار ئوينىدى.

قَمِرَةٌ: قىماردا ئۇتتى.

قَمِرٌ: قاردا كۆزى ئىمىر- چىمىر بولۇپ كەتمەك.

قَمَرٌ ج أَقْمَارٌ: ئاي، ئاي شارى.

حَجَرُ الْقَمَرِ: سىگىر تاش.

﴿وَ سَخَّرَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَ النَّهَارَ وَ الشَّمْسَ وَ الْقَمَرَ﴾ ‹قرآن›: ئاللاھ سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى.

قَمَرٌ صِنَاعِيٌّ: سۈنئىي ھەمراھ.

ضَوْءُ الْقَمَرِ: ئاي يورۇقى، ئايدىڭ.

قَمِرٌ ج أَقْمَارٌ: قىمارۋاز.

قَمْرَاءُ ج قُمْرٌ: ئاي يورۇقى، ئايدىڭ.

لَيْلَةٌ قَمْرَاءُ: ئايدىڭ كېچە.

الْقَمَرَانِ: ئاي بىلەن كۈن.

قَمَرِيٌّ: ئايلىق، ئايدەك، ئايسىمان.

ضَوْءٌ قَمَرِيٌّ: ئاي يورۇقى.

مَرْكَبَةٌ قَمَرِيَّةٌ: ئاي شارى ئالەم كېمىسى.

حُرُوفٌ قَمَرِيَّةٌ: قەمەرىيە ھەرپلىرى.

سَنَةٌ قَمَرِيَّةٌ: قەمەرىيە يىلى.

الشُّهُورُ الْقَمَرِيَّةُ: قەمەرىيە ئايلىرى (ئاينىڭ يەر شارى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى ۋاقىت بىرلىكى قىلىدىغان ئايلار).

قُمْرِيٌّ ج قُمْرٌ م قُمْرِيَّةٌ ج قَمَارِيٌّ: دەمدەر، كەپتەر.

قَمَزَ يَقْمُزُ قَمْزًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قولىنىڭ ئۇچى بىلەن ئالدى؛ نەرسىنى يىغدى، توپلىدى.

قَمَزٌ: بىراك مال.

قُمْزَةٌ ج قُمَزٌ: بىر سىقىم خورما، توپا دۆۋىلەنگەن يول بەلگىسى.

قَمَسَ يَقْمُسُ قَمْسًا هُ فِي الْمَاءِ: ئۇنى سۇغا چۆكۈردى.

قَمَسَ الشَّخْصُ فِي الْمَاءِ: سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

قَمَسَ يَقْمُسُ قُمُوسًا الْكَوْكَبُ: يۇلتۇز غايىب بولدى.

قَمَسَتِ الدَّلْوُ فِي الْمَاءِ: چېلەك سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

قَمَسَ الْوَلَدُ فِي الْبَطْنِ: قورساقتىكى بالا تەۋرىدى، مىدىرلىدى.

قَمَشَ يَقْمُشُ / يَقْمِشُ قَمْشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يىغدى، توپلىدى، جەملىدى.

قَمَصَ يَقْمُصُ / يَقْمِصُ قَمْصًا وَ قِمَاصًا الْفَرَسُ: ئات چىچاڭشىدى، سەكرىدى، چاپچىدى، ئۈركۈدى.

قَمْصٌ: سەكرىمەك، چاپچىماق، ئۈركۈمەك.

قَمَصٌ: چېكەتكە.

قَمَطَ يَقْمُطُ قَمْطًا الْمَوْلُودَ: بوۋاقنى زاكىلىدى، ئورىدى، يۆگىدى.

قَمَطَ الْأَسِيرَ: ئەسىرنىڭ پۇت-قولىنى باغلىدى.

قَمْطَرَ يُقَمْطِرُ قَمْطَرَةً الشَّيْءَ: نەرسىنى توپلىدى.

قَمْطَرَ الشَّيْءُ: نەرسە توپلاندى.

قَمْطَرَ كُتُبَهُ: كىتابلىرىنى توپلىدى.

قِمَطْرٌ ج قَمَاطِرُ: كىتاب ئىشكاپى؛ سومكا، چامادان؛ پاكار دوغىلاق ئادەم.

قِمَطْرَةٌ ج قَمَاطِرُ: كىتاب ئىشكاپى.

قِمَطْرِيٌّ: پاكار دوغىلاق ئادەم.

قَمْطَرِيرٌ: قاتتىق، قاتتىقچىلىق.

﴿إِنَّا نَخَافُ مِنْ رَبِّنَا يَوْمًا عَبُوسًا قَمْطَرِيرًا﴾ «قرآن»: شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن، ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز.

قَمَعَ يَقْمَعُ قَمْعًا: توسۇدى، چەكلىدى، كونترول قىلدى، باشقۇردى.

قَمَعَ الشَّرَابُ: شاراب كېكىردەكتىن سىلىق ئۆتۈپ كەتتى.

قَمَعَ الْبَرْدُ النَّبَاتَ: مۆلدۈر ئوت-چۆپنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

قَمَعَ الثَّوْرَةَ: ئىنقىلابنى باستۇردى.

«قَمَعَتِ الشُّرْطَةُ الْمُتَظَاهِرِينَ»: ساقچىلار نامايىشچىلارنى باستۇردى.

قَمْعٌ: توسۇماق، چەكلىمەك.

قَمْعُ الشَّهَوَاتِ: نەپسى-خاھىشىنى كونترول قىلماق.

قَمْعٌ / قِمْعٌ ج أَقْمَاعٌ: ۋارانكا.

قَمْعٌ / قِمْعٌ ج قُمُوعٌ: مېۋە كاسىسى.

قَمْعُ السِّيكَارَةِ: تاماكا قالدۇقى.

قَمْعِيٌّ: بېسىقتۇرۇشقا ئائىت، بېسىقتۇرۇشقا ئالاقىدار.

إِتَّخَذَ إِجْرَاءَاتٍ قَمْعِيَّةً: بېسىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

قَمْقَمَ يُقَمْقِمُ قَمْقَمَةً: توپلىدى، يىغدى، جۇغلىدى.

قُمْقُمٌ ج قَمَاقِمُ وَ قَمَاقِمَةٌ: مىس قاچا؛ ساپال قاچا؛ ئەتىر قۇتىسى.

قَمِلَ يَقْمَلُ قَمَلًا الثَّوْبُ: كىيىمنى پىت بېسىپ كەتتى.

قَمِلَ الْبَطْنُ: قورساق سالدى.

قَمِلٌ: پىتلىق.

قَمْلَةٌ ج قَمْلٌ: پىت.

حُمَّى الْقَمْلَةِ: سىرىق قىزىتما كېسىلى.

قَمَّمَ يُقَمِّمُ تَقْمِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قۇرۇتتى.

قَمَّ الْبَيْتَ: ئۆينى سۈپۈردى، تازىلىدى.

قَمَّاحٌ: بۇغداي سودىگىرى.

قَمَّاشٌ: گەزمال سودىگىرى.

قَمَاطَةٌ: قوۋۇق، تاقاق.

قِمَّةٌ ج قِمَمٌ: چوققا، يۇقىرى پەللە؛ بەدەن؛ كىشىلەر توپى.

قِمَّةُ الرَّأْسِ: باشنىڭ چوققىسى.

مُؤْتَمَرُ الْقِمَّةِ: دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى.

«إِنَّ قِمَّةَ جُومُولَامَا هِيَ أَعْلَى قِمَّةٍ فِي الْعَالَمِ»: جومولاڭما چوققىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا.

«غَايَتُنَا أَنْ نَصِلَ قِمَّةَ الْعُلُومِ»: بىزنىڭ غايىمىز ئىلىمنىڭ پەللىسىگە يېتىش.

قَمَّشَ يُقَمِّشُ تَقْمِيشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى يىغدى، توپلىدى، جەملىدى.

قَمَّصَ يُقَمِّصُ تَقْمِيصًا الْفَرَسَ: ئات چاپچىدى، سەكرىدى، ئۈركۈدى.

قَمَّصَهُ: ئۇنىڭغا كۆڭلەك كىيگۈزدى.

قُمَّصٌ ج قَمَامِصُ: كاھىن.

قَمَّطَ يُقَمِّطُ تَقْمِيطًا الْمَوْلُودَ: بوۋاقنى زاكىلىدى، يۆگىدى، ئورىدى.

قَمَّطَ الْأَسِيرَ: ئەسىرنىڭ پۇت-قولىنى باغلىدى.

قَمَّلَ يُقَمِّلُ تَقْمِيلًا: پىتلاپ كەتتى، پىت بېسىپ كەتتى.

قُمَّلَةٌ ج قُمَّلٌ: كانا.

﴿فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمِ الطُّوفَانَ وَ الْجَرَادَ وَ الْقُمَّلَ وَ الضَّفَادِعَ وَالدَّمَ آيَاتٍ مُفَصَّلَاتٍ﴾ ‹قرآن›: ئۇلارغا سۇ ئاپىتى، چېكەتكە، پىت، پاقا، قان (بالالىرىنى) روشەن مۆجىزە قىلىپ ئەۋەتتۇق.

«عَلَا الْبَعِيرَ الْقُمَّلُ»: تۆگىنى كانا بېسىپ كەتتى.

قَمَّمَ يُقَمِّمُ تَقْمِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنى قورۇتتى.

قَمَنَ يَقْمَنُ قَمْنًا بِكَذَا: مۇۋاپىق كەلدى، مۇناسىپ كەلدى، لايىق بولدى.

قَمِنٌ: ئوچاق.

قَمِنٌ بِكَذَا: شۇنىڭغا لايىق.

قَمِهَ يَقْمَهُ قَمَهًا: ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالدى.

قَمِيءٌ ج قِمَاءٌ: خار، كەمتەر؛ رەزىل، پەسكەش؛ ۋىجىك.

قَمِيرٌ ج أَقْمَارٌ: قىمارۋاز.

قَمِيصٌ ج أَقْمِصَةٌ: كۆڭلەك.

قَمِيصٌ تَحْتَانِيٌّ: رۇباشكا، ئىچ كۆڭلەك.

﴿إِذْهَبُوا بِقَمِيصِي هَذَا فَأَلْقُوهُ عَلَى وَجْهِ أَبِي﴾ ‹قرآن›: سىلەر مېنىڭ بۇ كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بېرىپ ئاتامنىڭ يۈزىگە تاشلاڭلار.

«كَانَ أَحَبَّ الثِّيَابِ إِلَى رَسُولِ اللهِ الْقَمِيصُ» ‹حديث›: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىملەر ئىچىدە كۆڭلەكنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى.

قَمِيصُ الْقَلْبِ: يۈرەك قېپى.

قَمِيصُ النَّوْمِ: كېچىلىك كىيىم.

قَمِينٌ ج قُمَنَاءُ: ئوچاق؛ ... گە لايىق.

قَمِينُ الْجِيرِ: هاك خۇمدىنى.

قَنَا يَقْنُو قَنْوًا وَ قُنْوَانًا وَ قُنُوًّا الْمَالَ: مال توپلىدى، مالغا ئېرىشتى.

قَنَا يَقْنُو قِنَاوَةً الرَّجُلَ: جازالىدى، مۇكاپاتلىدى.

قَنَا يَقْنُو قُنُوًّا لَوْنُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ رەڭگى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى.

قَنًا ج أَقْنَاءٌ: نەيزە.

قَنَاةٌ ج قَنًا وَ قُنِيٌّ وَ قَنَوَاةٌ وَ قَنَيَاتٌ: نەيزە.

قَنَاةٌ ج قِنًى وَ قِنَاءٌ وَ قَنَوَاتٌ: تورۇبا؛ ئۆستەڭ، قانال.

قَنَاةُ السُّوَيْسِ: سۇۋەيش قانىلى.

الْقَنَاةُ الْبَوْلِيَّةُ: سۈيدۈك يولى.

الْقَنَاةُ الْهَضْمِيَّةُ: قىزىلئۆڭگەچ.

صُلْبُ الْقَنَاةِ: كۈچلۈك، مۇستەھكەم.

قَنَاةُ الْأُذُنِ: قۇلاقنىڭ ئاڭلاش نەيچىسى.

قَنَاةٌ دَمْعِيَّةٌ: ياش نەيچىسى.

قَنَاشِقُ: دەرەخ يېلىمى، دېۋىرقاي.

قِنَاعٌ ج قُنُعٌ وَ أَقْنَاعٌ وَ أَقْنِعَةٌ: چۈمبەل، چۈمپەردە، ياغلىق؛ قورال.

كَشَفَ الْقِنَاعَ: چۈمبەردىنى يىرتىپ تاشلىدى، نىقابىنى ئېچىپ تاشلىدى.

قِنَاعُ الْمَرْأَةِ: ئايالنىڭ چۈمبىلى.

كَشَفَ الْقِنَاعَ عَنِ الْأَمْرِ: ئاشكارىلىدى، ئېچىپ تاشلىدى.

قَنَاعَةٌ: قانائەتلەنمەك، كۈپايىلەنمەك، مەمنۇنلۇق،

رازىلىق، قانائەت، شۈكۈر قىلماق.

اَلْقَنَاعَةُ كَنْزٌ لَا يَفْنَى: قانائەت قىلىش تۈگىمەس بايلىق.

«عِنْدِي قَنَاعَةٌ بِصِحَّةِ أَقْوَالِكَ»: سۆزلىرىڭنىڭ راستلىقىغا مەن قانائەتلەندىم.

قُنَافِشْ: مەيىنەت، پاسكىنا، چىچىلاڭغۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن.

قَنَالٌ ج قَنَالَاتٌ: قانال، ئېرىق، ئۆستەڭ.

قَنَالُ السُّوَيْسِ: سۇۋەيش قانىلى.

قَنَانَةٌ: قوللۇق.

قَنَأَ يَقْنَأُ قُنُوءًا الشَّيْءُ: قىزىرىپ كەتتى.

قَنَبَ يَقْنُبُ قَنْبًا الْكَرْمَ: تەكنى پۇتىدى، هارام شېخىنى ئالدى.

قَنَبَ يَقْنُبُ قَنْبًا وَ قُنُوبًا الزَّهْرُ: چېچەك ئېچىلدى.

قَنَبَتِ الشَّمْسُ: كۈن غايىب بولدى، كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى.

قَنْبٌ ج قُنُوبٌ: گۈل كاسىسى؛ پەردە.

قَنْبَازٌ ج قَنَابِيزُ: تون، يەكتەك.

قُنْبَرٌ ج قَنَابِرُ: بوز تورغاي.

قنبراء ـ قُنْبَرَةٌ: سوپى تورغاي، بوز تورغاي.

قُنْبُورَةٌ: سوپى تورغاي، بوز تورغاي.

قُنْبُرَةٌ ج قَنَابِرُ: (قۇشلارنىڭ) تاجى، پوپۇكى؛ بىر كاللەك، بىر توپ.

قَنْبَسٌ: بىرىزىنت، كاناپ.

قُنْبُضٌ م قُنْبُضَةٌ: پاكىنەك، قىسقا، يىلان، زەھەرلىك يىلان.

قُنْبُعٌ: گۈل كاسىسى، چىنىسى؛ بوغداي باشىقى.

قَنْبَلَ يُقَنْبِلُ قَنْبَلَةً الرَّجُلُ: بىر جامائە ياكى بىر قەبىلە ئارىسىدا ياشىدى.

قَنْبَلَ الْعَدُوَّ: دۈشمەنگە ئوق ئاتتى.

قَنْبَلَتِ الطَّائِرَةُ الْمَدِينَةَ الْآمِنَةَ: ئايروپىلان تىنچ شەھەرنى بومباردىمان قىلدى.

قَنْبَلٌ ج قَنَابِلُ: كىشىلەر توپى؛ يىلقا.

قُنْبُلَةٌ ج قَنَابِلُ: بومبا.

اَلْقَنَابِلُ الْمُحْرِقَةُ: كۆيدۈرگۈچ بومبا، كۆيدۈرگۈچى ئوق.

قُنْبُلَةُ الْيَدِ: قول بومبىسى، گرانات.

قُنْبُلَةٌ ذَرِّيَّةٌ: ئاتوم بومبا.

قُنْبُلَةٌ مُوَجَّهَةٌ: باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

قُنْبُلَةٌ مَائِيَّةٌ: سۇ مىناسى.

قُنْبُلَةٌ زَمَنِيَّةٌ: بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبا.

قُنْبُلَةٌ مِيكْرُوبِيَّةٌ: باكتېرىيىلىك بومبا.

قُنْبُلَةٌ هِدْرُوجِينِيَّةٌ: ۋودوروت بومبىسى، ھىدروگېن بومبىسى.

قُنْبُلَةٌ مَوْقُوتَةٌ: قەرەللىك بومبا.

قُنْبُلَةُ الْإِضَاءَةِ: يورۇتۇش بومبىسى، يورۇتۇش ئوقى.

اَلْقَنَابِلُ السَّامَّةُ: زەھەرلىك بومبا، گازلىق بومبا.

اَلْقَنَابِلُ الْمُسِيلَةُ لِلدُّمُوعِ: ياش ئاققۇزۇش بومبىسى.

أَبُو قَنْبُورٍ: دوك، دۈمچەك.

قَنَتَ يَقْنُتُ قُنُوتًا: بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى، كەمتەر بولدى، خار بولدى؛ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلدى.

﴿وَمَنْ يَقْنُتْ مِنْكُنَّ لِلّٰهِ وَ رَسُولِهِ وَ تَعْمَلْ صَالِحًا نُؤْتِهَا أَجْرَهَا مَرَّتَيْنِ﴾ «قرآن»: سىلەردىن كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ساۋابىنى ئىككى قاتلاپ بېرىمىز.

﴿يَا مَرْيَمُ اقْنُتِي لِرَبِّكِ﴾ «قرآن»: ئى مەريەم، پەرۋەردىگارىڭغا ئىتائەت قىل.

قَنَتَ يَقْنُتُ قَنَاتَةً الرَّجُلُ: ئىشتىهاسى كەم بولدى.

قَنَدَ يَقْنُدُ قَنْدًا السَّوِيقَ: تالقانغا شېكەر قوشتى.

قَنْد ج قُنُودٌ: قەنت، شېكەر.

قُنْدُزٌ: قۇندۇز، قاما، سۇ ئىتى.

قُنْدُزُ الْمِسْكِ: سۇ بۇلغۇنى.

قَنْدَسَ يُقَنْدِسُ قَنْدَسَةً: تەۋبە قىلدى؛ سەيلە قىلدى.

قُنْدُسٌ: قۇندۇز، سۇ ئىتى.

قَنْدَلَ يُقَنْدِلُ قَنْدَلَةً الشَّخْصُ: بېشى يوغان بولدى.

قُنْدُولٌ ج قَنَادِيلُ: قاراغان.

قِنْدِيدٌ ج قَنَادِيدُ: ھال، ئەھۋال، ناۋات، ئەنبەر، مەي، ئىپار.

قِنْدِيلٌ ج قَنَادِيلُ: چىراغ، قەندال.

قِنْدِيلُ الْبَحْرِ: مېدوزا.

قِنْدِيلُ نَفْطٍ: پانار، گازۋاي چىراغ.

قَنْزَعَةٌ ج قَنْزَعَاتٌ وَ قَنَازِعُ: قۇشلار پوپۇكى، تاجى.

قُنْزُعَةٌ: خورازنىڭ پوپۇكى.

قَنَسٌ: بىر خىل خۇش پۇراق ئوت.

قَنْسَرَ يُقَنْسِرُ قَنْسَرَةً الدَّهْرُ ـــ هُ: زامان ئۇنى چىنىقتۇردى.

الْقِنْسَرُ: پىششىق، كۈچلۈك، پۇختا.

قَنَصَ يَقْنُصُ قَنْصًا الطَّيْرَ: قۇشنى ئوۋلىدى، تۇتتى.

قَنَصَ الْفُرْصَةَ: پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

قَنَصٌ ج أَقْنَاصٌ: ئوۋ، ئولجا.

قُنْصُلٌ ج قَنَاصِلُ: كونسۇل، دۆلەت ۋەكىلى.

قُنْصُلٌ عَامٌّ: باش كونسۇل.

نَائِبُ قُنْصُلٍ: مۇئاۋىن كونسۇل.

قُنْصُلِيٌّ: كونسۇللىق.

قُنْصُلِيَّةٌ ج قُنْصُلِيَّاتٌ: كونسۇلخانا.

قَنَطَ يَقْنُطُ قُنُوطًا الرَّجُلُ: كىشى ئۈمىدسىزلەندى، نائۈمىد بولدى.

﴿لَا تَقْنَطُوا مِنْ رَحْمَةِ اللهِ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار.

قَنَطٌ: ئۈمىدسىزلىك، نائۈمىدلىك.

قِنْطَارٌ ج قَنَاطِيرُ: مىسىرنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، 44.928 كىلوگرامغا تەڭ؛ بايلىق.

قَنَاطِيرُ مُقَنْطَرَةٌ: كۆپ بايلىق.

﴿وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ﴾ «قۇرئان»: ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار...

قِنْطَارِيٌّ: بايلىق ئىگىسى، مىليونېر.

قِنْطَارِيُونٌ: ئاچچىقئوت، سېسىقئوت.

قَنْطَرَ يُقَنْطِرُ قَنْطَرَةً الرَّجُلُ: كىشى باي بولدى، كۆپ مالغا ئېرىشتى.

قَنْطَرَ الْبِنَاءَ: ئەگمە بىنا ياسىدى.

قَنْطَرَةٌ ج قَنَاطِرُ: ئەگمە كۆۋرۈك؛ ئېگىز بىنا.

عَيْنُ الْقَنْطَرَةِ: تومۇ، چۆشۈرگە؛ جومەك.

«فِي هَذَا الْجِسْرِ سَبْعَ عَشَرَةَ قَنْطَرَةً»: بۇ كۆۋرۈكتە ئون يەتتە ئاراش بار.

قِنْطِيرٌ ج قَنَاطِيرُ: ئاپەت، ھادىسە، بالا-قازا.

قَنِعَ يَقْنَعُ قَنَعًا وَ قَنَاعَةً وَ قُنْعَانًا بِكَذَا: شۇنىڭغا رازى بولدى، قانائەت قىلدى؛ قايىل بولدى، ئېتىراپ قىلدى.

«طُوبَى لِمَنْ هُدِيَ إِلَى الْإِسْلَامِ وَكَانَ عَيْشُهُ كَفَافًا وَ قَنِعَ» «حديث»: ئىسلامغا ھىدايەت قىلىنغان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن ۋە بېرىلگەن رىزىققا قانائەت قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇن!

قَنَعَ يَقْنَعُ قُنُوعًا إِلَى فُلَانٍ: پالانىغا بويسۇندى، ئىتائەت قىلدى.

قَنَعٌ: قانائەت قىلماق، قانائەتلەنمەك.

قَنِعٌ: قانائەتچان، ئىنساپلىق.

قِنْعٌ ج أَقْنَاعٌ: قورال.

قُنْفُذٌ ج قَنَافِذُ: كىرپە.

قِنْقِنٌ ج قَنَاقِنُ: پالچى، رەمچى، داخان.

قَنِمَ يَقْنَمُ قَنَمًا الزَّيْتُ: ماي سېسىپ قالدى، بۇزۇلۇپ قالدى.

قَنِمَ الطَّعَامُ: تاماق پۇراپ قالدى.

قَنِمَ الْفَرَسُ: ئات توپا بېسىپ مەينەتلىشىپ كەتتى.
قَنَّ يَقُنّ قَنًّا الشَّيْءَ: نەرسىگە ئىنچىكىلەپ قارىدى.
قِنٌّ ج أَقْنَانٌ و أَقِنَّةٌ: قۇلنىڭ بالىسى (قۇل)، تۇغما قۇل.
نِظَامُ الْقِنِّ: قۇللۇق تۈزۈم.
قِنّ الْقَمِيصِ: يەڭ.
قِنَّابَةٌ: يوپۇرماق گۈل.
قَنَّاصٌ ج قَنَّاصُونَ و قَنَّاصَةٌ: ئوۋچى، شىكارچى، مەرگەن.
قَنَّاصُ السِّبَاعِ: يىرتقۇچ هايۋانلارنى ئوۋلىغۇچى.
قُنَّبٌ / قِنَّبٌ: كەندىر.
«رَبَطَ الطَّرْدَ بِحَبْلِ الْقُنَّبِ»: خالتىنى چىگە يىپ بىلەن باغلىدى.
قِنَّبِيٌّ: كەندىرنىڭ، كەندىردىن بولغان.
قُنَّبِيطٌ: چېچەك سۆيى؛ قىچا چېچىكى.
قُنَّةٌ ج قُنَنٌ: چوققا.
قُنَّةُ الْجَبَلِ: تاغ چوققىسى.
قَنَّشَ يُقَنِّشُ تَقْنِيشًا الشَّيْءَ: نەرسىنى كېمەيتتى، ئازايتىۋەتتى.
قَنَّطَ يُقَنِّطُ تَقْنِيطًا غَيْرَهُ: ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈردى، نائۈمىدتە قويدى.
قَنَّعَ يُقَنِّعُ تَقْنِيعًا غَيْرَهُ: رازى قىلدى؛ قانائەتلەندۈردى؛ قايىل قىلدى.
قَنَّعَتِ الْمَرْأَةَ: ئايالغا چۈمبەل تارتىپ قويدى.
قَنَّعَهُ بِرَأْيِهِ: ئۆزىنىڭ پىكرى بويىچە ئۇنى قانائەتلەندۈردى.
قَنَّنَ يُقَنِّنُ تَقْنِينًا الْمُشَرِّعُ: قانۇن تۈزگۈچى قانۇن تۈزدى، قانۇن چىقاردى.
قَنَّنَ الْبَرْلَمَانُ الْجِبَايَةَ: پارلامېنت باج قانۇنىنى بېكىتتى.
قَنَّهُ اللّٰهُ: ئاللاھ ئۇنى رازى قىلدى.
قَنُّومَةٌ: نىل دەرياسى بېلىقى، شىپالىق بېلىق.

قَنَّي يُقَنِّي تَقْنِيَةً الْقَنَاةَ: ئۆستەڭ چاپتى.
قَنَّاهُ الْمَالَ: ئۇنى مالغا ئېرىشتۈردى، مالغا ئىگە قىلدى.
«قَنَّتِ الدَّوْلَةُ الْقَنَوَاتِ لِجَلْبِ الْمِيَاهِ الصَّالِحَةِ لِلشَّرَابِ»: دۆلەت ئىچىملىك سۇ كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانالLارنى قازدۇردى.
قِنَّيْبَةٌ: يوپۇرماق گۈل.
قِنِّينَةٌ ج قَنَانِيُّ و قِنِّينَاتٌ و قَنَانٌ: شىشە، بوتۇلكا.
قِنْوٌ ج أَقْنَاءٌ و قِنْوَانٌ: بىر ساپاق ئۈزۈم.
﴿وَمِنَ النَّخْلِ مِنْ طَلْعِهَا قِنْوَانٌ دَانِيَةٌ﴾ ‹قۇرئان›: خورمىسا دەرىخىنىڭ چېچەكلىرىدىن يەرگە يېقىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان خورما ساپاقلىرىنى يېتىشتۈردى.
قَنْوٌ . قُنْوَةٌ: قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك.
قُنْوَةٌ / قِنْوَةٌ: قولغا كەلتۈرگەن نەرسە، مۈلۈك.
قُنُوتٌ: بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق؛ ئىبادەت قىلماق.
دُعَاءُ الْقُنُوتِ: دۇئايى قۇنۇت.
قَنُوشَقٌ: دەرەخ يىلمى، دېۋىرقاي.
قُنُوطٌ: ئۈمىدسىزلىك، نائۈمىدلىك.
قَنُوطٌ: ئۈمىدسىزلەنگۈچى، ئۈمىد ئۈزگۈچى.
﴿وَإِنْ مَسَّهُ الشَّرُّ فَيَئُوسٌ قَنُوطٌ﴾ ‹قۇرئان›: ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يېتىپ قالسا، تولىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.
قَنُوعٌ ج قُنُعٌ: قانائەتچان، رازى بولغۇچى، ئىنساپلىق.
قُنُونَةٌ: قۇللۇق.
قَنَى يَقْنِي قَنْيًا و قُنْيَانًا الْمَالَ: مالغا ئېرىشتى، مال توپلىدى، مالغا ئىگە بولدى.
قَنِيَ يَقْنَى قَنًى الأَنْفُ: ئىلمەك بۇرۇن بولدى.
قَنِيَ يَقْنَى قِنًى بِالشَّيْءِ: بىرنەرسىگە رازى بولدى.
قُنْيَةٌ ج قِنًى: قولغا كەلتۈرگەن نەرسە، ئېرىشكەن

نەرسە.

قَبِيصٌ: ئۇۋچى؛ ئۇۋ، ئولجا.

قُهَابٌ: ئاق، ئاق رەڭ.

قَهَرَ يَقْهَرُ قَهْرًا: يەڭدى، غەلىبە قىلدى؛ باشقۇردى؛ مەجبۇرلىدى.

«قَهَرَ الْجَيْشُ الْعَدُوَّ»: قوشۇن دۈشمەننى يەڭدى.

﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ﴾ «قۇرئان»: يېتىمنى خارلىما.

«قَهَرَ خَصْمَهُ عَلَى الْإِعْتِرَافِ بِقِيمَتِهِ»: رەقىبىنى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

قَهْرٌ: بويسۇندۇرماق، يەڭمەك، باسماق؛ زورلىماق، باشقۇرماق.

وَسَائِلُ الْقَهْرِ: زورلاش ۋاسىتىلىرى.

قَهْرًا: زورلۇق بىلەن.

قَهْرَمَانٌ ج قَهَارِمَةٌ: غوجىدار، كاسسىر.

قَهْرَمَانَةٌ ج قَهْرَمَانَاتٌ: ئايال غوجىدار، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى.

قَهْرِيٌّ: مەجبۇرىي، زورمۇزور، چوقۇم، قەتئىي.

سَبَبٌ قَهْرِيٌّ: قارشى تۇرۇپ بولمايدىغان سەۋەب.

طَوَارِئُ قَهْرِيَّةٌ: تەبىئىي ئاپەت، كۈتۈلمىگەن ھادىسە.

قُوَّةٌ قَهْرِيَّةٌ: بېسىم كۈچ.

قَهَزَ يَقْهَزُ قَهْزًا: سەكرىدى.

قَهْقَرَ يُقَهْقِرُ قَهْقَرَةً: ئارقىچە چېكىندى.

قَهْقَرَ الْعَدُوَّ: دۈشمەن چېكىندى.

قَهْقَرَةٌ: كەينىگە چېكىنمەك، داجىماق.

قَهْقَرَى: كەينىچە چېكىنمەك؛ چۈشكۈنلەشمەك.

رَجَعَ الْقَهْقَرَى: كەينىگە چېكىندى.

قَهْقَهَ يُقَهْقِهُ قَهْقَهَةً الرَّجُلُ: كىشى قاقاقلاپ كۈلدى، قاتتىق كۈلدى.

قَهْقَهَةٌ: قاتتىق كۈلمەك، قاقاقلاپ كۈلمەك.

قَهَلَ يَقْهَلُ قَهْلًا الرَّجُلُ: تۆزكورلۇق قىلدى.

قَهَلَ فُلَانًا: پالانىنى ئەيىبلىدى، مالامەت قىلدى.

قَهَلَ يَقْهَلُ قَهْلًا وَ قُهُولًا الْجِلْدُ: تېرە قۇرۇقشۇپ قالدى.

قَهِمَ يَقْهَمُ قَهَمًا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالدى.

قَهِمٌ: ئىشتىھاسى كەم ئادەم.

قَهَّ يَقِهُّ قَهًّا: قاقاقلاپ كۈلدى.

قَهْوَانٌ: مۆڭگۈزلۈك قىرى تېكە.

قَهَّارٌ: ناھايىتى كۈچلۈك.

عَدُوٌّ قَهَّارٌ: ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەن.

الْقَهَّارُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، ھەممىگە قادىر، ناھايىتى قۇدرەتلىك ئاللاھ، دېگەن مەنىدە.

﴿وَهُوَ الْوَاحِدُ الْقَهَّارُ﴾ «قۇرئان»: ئۇ غالىب، بىر ئاللاھدۇر.

قَهْوَةٌ ج قَهَوَاتٌ: قەھۋە، كافى.

شَرِبَ قَهْوَةً صَافِيَةً: ساپ قەھۋە ئىچتى.

فَنْجَانُ قَهْوَةٍ: قەھۋە ئىستاكانى.

قَهْوَةٌ ج قَهْوَاتٌ وَ قَهَاوٍ: قەھۋەخانا.

«إِلْتَقَى الْجَمَاعَةُ فِي الْقَهْوَةِ»: كۆپچىلىك قەھۋەخانىدا ئۇچراشتى.

قَهِيَ يَقْهَى قَهْيًا الرَّجُلُ: كىشىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالدى.

قَهِيزٌ: يىپەك، دۇردۇن، تاۋار.

قَوَاءٌ: ئاچلىق، ئاچ؛ چۆللۈك.

قِوَاءٌ ج أَقْوَاءٌ: چۆل، باياۋان، دالا.

قَوَارِين: چوڭ بايلار.

قَوَاطِعُ: پەسىللىك قۇشلار.

قُوَاعٌ م قُوَاعَةٌ: ياۋا توشقان، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى.

قَوَامٌ: تۈز، رۇس؛ چىداملىق؛ كۈچ؛ بوي، تۇرقى؛ كۆۋرۈك؛ يۆلەنچۈك؛ بويلۇق.

قَوَامُ الشَّيْءِ: نەرسىنىڭ قويۇقلۇقى، زىچلىقى.

قَوَامٌ مُعْتَدِلٌ: ئوتتۇرا بوي.

﴿وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾ ‹قرآن›: ئوتتۇرا هال خىراجەت قىلىدۇ.

إِمْرَأَةٌ لَهَا قَوَامٌ رَشِيْقٌ: غۇنچە بوي ئايال.

قِوَامٌ: تۈۋرۈك، تىرەك.

قِوَامُ الْعَائِلَةِ: ئائىلە باشلىقى.

قُوَامٌ: هايۋانلارنىڭ پۇتىدا بولۇپ قالىدىغان بىر خىل ئاغرىق.

قُوبٌ ج أَقْوَابٌ: چۈجە.

قُوبَاءُ ج قُوَبٌ: تەمرەتكە، تېرە كېسىلى.

قُوبَةٌ ج قُوَبَاتٌ: تەمرەتكە، تېرە كېسىلى.

قُوتٌ ج أَقْوَاتٌ: يېمەكلىك، ئوزۇقلۇق، رىزىق، تۆشمە.

﴿وَقَدَّرَ فِيْهَا أَقْوَاتَهَا﴾ ‹قرآن›: ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى.

قَوِدَ يَقْوَدُ قَوَدًا الْفَرَسُ: ئاتنىڭ بېلى ۋە بويىنى ئۇزۇن بولدى.

قَوْدٌ: پاھىشە كەسپى، سولامچىلىق؛ يېتىلەپ ماڭغان ئۇلاغ؛ باشلامچىلىق قىلماق.

قَوَدٌ: قىساس، قىساس ئېلىش.

قَوِرَ يَقْوَرُ قَوَرًا الرَّجُلُ: كىشى قارىغۇ بولۇپ قالدى، يەكچەشمە بولۇپ قالدى.

قَوِرَ الدَّارُ: هويلا كەڭتاشا بولدى.

قَوْرٌ: يېڭى پاختا؛ پاختا يىپ.

قَوْزٌ ج أَقْوَازٌ وَ قِيْزَانٌ: قۇم دۆۋىسى.

قَوِسَ يَقْوَسُ قَوَسًا الرَّجُلُ: كىشى دومچەك بولۇپ قالدى، بېلى ئېگىلىپ قالدى.

قَوِسَ ظَهْرُ الشَّيْخِ: بوۋاينىڭ بېلى مۈكچەيدى.

قَوْسٌ ج أَقْوَاسٌ وَ أَقْوُسٌ وَ أَقْيَاسٌ وَ قِيَاسٌ وَ قُسِيٌّ: يا، كامالچە، ئەگمە؛ گەز.

قَوْسُ الْقَنْطَرَةِ: كۆۋرۈك ئەگمىسى.

قَوْسُ قُزَحٍ: ھەسەن-ھۈسەن.

أَعْطَى الْقَوْسَ بَارِيْهَا: ياخشى تاللىدى، كەسىپ ئەھلىنى تاللىدى.

أَعْطِ الْقَوْسَ بَارِيْهَا: ھەر ئىشنى كەسىپ ئەھلى قىلسۇن، قوينى قاسساپ سويسۇن.

قَوْسَانِ: تىرناق ( ).

قَوْسَانِ مَعْقُوفَانِ: كۋادرات تىرناق [ ].

«وَضَعَ الْكَلِمَةَ بَيْنَ قَوْسَيْنَ»: سۆزنى تىرناق ئىچىگە ئالدى.

قُوسٌ: راھىبلار ئىبادەتخانىسى؛ ئوۋچىلارنىڭ ئۆۋىسى.

قُوشٌ. قَوْشٌ ج أَقْوَاشٌ: تاسما كەمەر؛ قوشقۇن.

قَوْطٌ ج أَقْوَاطٌ: قوي پادىسى.

قَوْطٌ ج قُوَطٌ: سېۋەت، مېۋە سېۋىتى.

قُوطَةٌ: پەمىدۇر، شوخلا.

قَوْعٌ ج أَقْوَاعٌ: مېۋە قۇرۇتۇش مەيدانى.

قَوْفِيَّةٌ: باش ياغلىقى، رومال.

قَوْقَأَ يُقَوْقِئُ قَوْقَأَةً الدَّجَاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

قُوقٌ ج قُوقَةٌ: ياۋا غاز، ئاق قۇ.

قَوْقَعَةٌ ج قَوْقَعَاتٌ: قۇلۇلە.

قَوْقَى يُقَوْقِي قِيْقَاءً وَ قَوْقَاةً الدَّجَاجَةُ: توخۇ قاقاقلىدى.

قَوْلٌ ج أَقْوَالٌ جج أَقَاوِيْلُ: سۆز، گەپ، كالام؛ ئىسپات (قانۇندا).

صِحَّةُ الْقَوْلِ: سۆزنىڭ چىنلىقى.

﴿وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيْلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِيْنِ﴾ ‹قرآن›: ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق.

قَوْلٌ مَأْثُورٌ: ماقال، تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز.

الْقَوْلُ الْفَصْلُ: ھەل قىلغۇچ، ئەھمىيەتلىك سۆز.

جُمْلَةُ الْقَوْلِ: ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گەپ شۇ!

قُصَارَى الْقَوْلِ: گەپنىڭ قىسقىسى، بىر ئېغىز سۆز

بىلەن ئېيتقاندا.

مَا قَوْلُكَ؟: سىزنىڭ پىكرىڭىزچە قانداق؟

بِالْفِعْلِ وَ الْقَوْلِ: سۆز ۋە ھەرىكەت بىرلىكى.

«**هَذَا قَوْلُ فُلَانٍ فِي الْمَوْضُوعِ**»: بۇ، پالانىنىڭ ماۋزۇ توغرىسىدىكى پىكرى.

«**أَعْطَى قَوْلَهُ فِي الْقَضِيَّةِ**»: ئۇ داۋادا ئىسپات بەردى.

أَتَى بِالْقَوْلِ الْفَصْلِ: ھەل قىلغۇچ سۆزنى قىلدى.

«**إِسْتَمَعَتِ الْمَحْكَمَةُ إِلَى أَقْوَالِ الشُّهُودِ**»: سوت گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنى ئاڭلىدى.

قَوْلَةٌ: مالىماتاڭ تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم، ۋات-ۋات، سۆزمەن، گەپدان.

قَوْلَحَةٌ ج قَوَالِحُ: باشاق.

قُولَنْجٌ: بوغماق ئۈچەي ياللۇغى.

قَولُون. قُولُون: چەمبەر ئۈچەي، بوغماق ئۈچەي.

الْقُولُونُ الصَّاعِدُ: يۇقىرى كۆتۈرۈلگۈچى بوغماق ئۈچەي، ئۆرلىگۈچى چەمبەر ئۈچەي.

الْقُولُونُ الْمُعْتَرِضُ: توغرا بوغماق ئۈچەي، توغرا چەمبەر ئۈچەي.

الْقُولُونُ النَّازِلُ: تۆۋەنلىگۈچى بوغماق ئۈچەي، تۆۋەنگە چۈشكەن چەمبەر ئۈچەي.

قَوْمٌ ج أَقْوَامٌ: خەلق، مىللەت، ئامما، قوۋم، پۇقرا.

قَوْمُ الرَّجُلِ: كىشىنىڭ يېقىنلىرى.

قَوْمُهُ مِنْ بَنِي فُلَانٍ: پالانىنىڭ جەمەتى.

قَوْمَةٌ: جانلانماق، گۈللەنمەك، روھلانماق.

قَوْمِيٌّ ج قَوْمِيُّونَ: مىللىي، خەلقنىڭ، خەلققە مەنسۇپ.

عِيدٌ قَوْمِيٌّ: مىللىي بايرام.

زَعِيمٌ قَوْمِيٌّ: خەلقنىڭ داھىيسى.

قَوْمِيَّةٌ ج قَوْمِيَّاتٌ: خەلقچىللىق، مىللىيچىلىك، مىللەتچىلىك.

الْقَوْمِيَّةُ الْعَرَبِيَّةُ: ئەرەب مىللىتى.

قَوَّادٌ ج قَوَّادُونَ: يامان يولغا باشلىغۇچى؛ سولامچى.

قُوَّادُ الثَّوْرَةِ: ئىنقىلاب رەھبەرلىرى.

قَوَّاسٌ ج قَوَّاسَةٌ وَ قَوَّاسُونَ: ئوقيا ئاتقۇچى، ئوۋچى، ئوقيا ياسىغۇچى؛ مەرگەن، قاراۋۇل، مۇھاپىزەتچى.

قَوَّاطٌ: پادىچى.

قَوَّالٌ ج قُوَّلٌ: تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم، ۋات-ۋات، سۆزمەن، گەپدان.

قَوَّبَ يُقَوِّبُ تَقْوِيبًا الْأَرْضَ: يەرنى كولىدى، قازدى.

قَوَّبَ الشَّجَرَةَ: دەرەخنى قومۇرۇۋالدى.

قَوَّتَ يُقَوِّتُ تَقْوِيتًا الشَّخْصَ: ئازراق ئوزۇقلاندۇردى.

قَوَّتَ الْفَقِيرَ: پېقىرغا تاماق بەردى.

قُوَّةٌ ج قُوًى وَ قُوَّاتٌ: كۈچ-قۇۋۋەت، قابىلىيەت، ئىقتىدار.

قُوَّةُ الْحِصَانِ: ئات كۈچى.

﴿خُذُوا مَا آتَيْنَاكُمْ بِقُوَّةٍ﴾ «قرآن»: بىز سىلەرگە بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار.

الْقُوَّةُ الْعَامِلَةُ: ئەمگەك كۈچى.

قُوَّةٌ بَدَنِيَّةٌ: جىسمانىي كۈچ.

قُوَّةُ الْقَلْبِ: باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق.

قُوَّةٌ آلِيَّةٌ: چىدام، تاقەت

قُوَّةٌ بَحْرِيَّةٌ: دېڭىز ئارمىيىسى.

قُوَّةٌ بَرِّيَّةٌ: قۇرۇقلۇق ئارمىيە.

قُوَّةٌ جَوِّيَّةٌ: ھاۋا ئارمىيىسى.

قُوَّةٌ عَسْكَرِيَّةٌ: ئەسكىرىي كۈچ، قوراللىق كۈچ.

قُوَّةٌ كَامِنَةٌ: يوشۇرۇن كۈچ.

قُوَّةٌ حَافِظَةٌ: ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى.

قُوَّةُ الْكَهْرَبَاءِ: ئېلېكتر كۈچى.

الْقُوَّةُ الذَّرِّيَّةُ: ئاتوم كۈچى.

بِالْقُوَّةِ الْجَبْرِيَّةِ: زورلۇق بىلەن، مەجبۇرىي.

الْقُوَّاتُ الْإِنْتَاجِيَّةُ: ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى.

قُوَّةٌ جَاذِبَةٌ: تارتىش كۈچى.

الْقُوَّاتُ الْإِحْتِيَاطِيَّةُ: زاپاس كۈچلەر.

قُوَى إِقْتِصَادِيَّةٌ مُنْتِجَةٌ: ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى.

قُـوَى الـشَّرِّ وَالطُّغْيَـانِ: زۇلـۇم ۋە ئىستىبدات كۈچلىرى،زالىم ۋە مۇستەبىت كۈچلەر.

قَـوَّحَ يُقَـوِّحُ تَقْوِيحًـا الْبَيْـتَ: ئۆينى سۈپۈردى، تازىلىدى.

قَوَّرَ يُقَوِّرُ تَقْوِيرًا الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئاچتى، ئويۇپ ئالدى.

قَوَّرَ النَّحَّاتُ الْخَشَبَةَ: نەققاش ياغاچنى ئويدى.

قَوَّزَ يُقَوِّزُ تَقْوِيزًا النَّبْتُ: ئۆسۈملۈك بولۇق بولدى.

قَوَّسَ يُقَوِّسُ تَقْوِيسًا الشَّيْءَ: نەرسىنى ئەگدى.

قَوَّسَ الْمَرَضُ ظَهْرَ الْعَجُوزِ: قېرى ئادەمنى كېسەللىك مۈكچەيتىۋەتتى.

قَوَّسَ سَقْفَ الْبَيْتِ: كېمەر ئۆي ياسىدى.

قَوَّسَ الْغُصْنُ: شاخ ئېگىلىپ كەتتى.

قَوَّضَ يُقَوِّضُ تَقْوِيضًا الْبِنَاءَ: بىنانى بۇزدى، ۋەيران قىلدى.

قَوَّضَ الْوَحْدَةَ الْقَوْمِيَّةَ: مىللىي بىرلىكنى بۇزدى.

قَوَّضَتِ الْمَدَافِعُ كُلَّ الْعِمَارَاتِ: زەمبىرەك بارلىق ئىمارەتلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى.

قَوَّطَ يُقَوِّطُ تَقْوِيطًا عَلَيْهِ: ئۇنىڭغا ساختىپەزلىك قىلدى.

قَوَّلَ يُقَوِّلُ تَقْوِيلًا غَيْرَهُ: باشقىلارغا تۆھمەت قىلدى، يالغاننى چاپلىدى؛ گەپ ئۆگەتتى.

قَوَّلَهُ الْحَقَّ: ئۇنى ھەق سۆزلەيدىغان قىلدى.

قَـوَّمَ يُقَـوِّمُ تَقْوِيمًـا الشَّيْءَ: نەرسىنى تۈزلىدى، توغرىلىدى.

قَوَّمَ الْمَتَاعَ: مالنى باھالىدى.

قَوَّمَهُ مِـنَ النَّـوْمِ: ئـۇنى ئويغـاتتى، ئۇيقـۇدىن تۇرغۇزدى.

قَوَّمَ الطَّرِيقَ: يولنى تۈزلىدى.

قَوَّهَ يُقَوِّهُ تَقْوِيهًا: توۋلىدى، ئاھ ئۇردى.

قَوَّهَهُ: ئۇنى سۈرەن سالدۇردى.

قَـوَّى يُقَـوِّي تَقْوِيَـةً الـشَّيْءَ: نەرسـىنى كـۈچەيتتى، ئاجىز نەرسىنى كۈچلۈككە ئالماشتۇردى.

قَوَّى الْعَزْمَ: ئىرادىسىنى كۈچەيتتى، ئىلھام بەردى.

قَوَّاهُ: ئۇنى چىڭىتتى، مۇستەھكەملىدى.

«الْخَـطُّ يَقْـوَى بِـالتَّمْرِيْنِ الْمُتَوَاصِـلِ»: خەتتـاتلىق داۋاملىق مەشىق قىلىش بىلەن يېتىلىدۇ.

قَوَّى الْحَائِطَ بِالْأَسْمِنْتِ: سېمونت بىلەن تامنى پۇختىلىدى.

قَـوَّى مَرْكَـزَهُ بِـالْإِدَارَةِ: ئىدارىـسىدىكى ئـورۇننى كۈچەيتتى.

«قَوَّى أَوَاصِرَ الصَّدَاقَةِ بَيْنَهُمْ»: ئۆزئـارا دوسـتلۇقنى چىڭىتتى.

قَـوِيَ يَقْـوَى قُوَّةً: كۈچەيـدى، كۈچلـۈك بولـدى، چىدامىلىق بولدى.

قَوِيَ عَلَى الْأَمْرِ: ئىشقا قادىر بولدى.

قَوِيَ عَلَى الْمَرَضِ: ئـاغرىقنى يەڭـدى، بەرداشـلىق بەردى.

قَوِيَ الشَّكُّ: گۇمان كۈچەيدى.

قَوِيَ عَلَى الصُّعُودِ إِلَى الْجَبَلِ: تاغقا چىقالىدى.

قَـوِيَ يَقْـوَى قَـوًى: ئـاچلىق كۈچلـۈك بولـدى، ئـاچ قالدى.

قَـوِيَ الْمَطَـرُ: يـامغۇر توختـاپ قالـدى، يـامغۇر ياغالمىدى.

قَـوِيَ يَقْـوَى قِيًّـا وَ قَوَايَـةً الْمَكَـانُ: جـاي چۆللـىشىپ قالدى، خارابىلىشىپ قالدى.

قَوًى: ئاچ، ئاچلىق؛ چۆللۈك.

قَـوِيمٌ ج قِيَـامٌ: تـۈز، ئوتتـۇرا ھـال، مۆتىـدىل؛ قەددى ـ قامەتلىك، زىلۋا بوي.

قَوِيمُ السِّيْرَةِ: ئەخلاقى دۇرۇس.

الدِّيْنُ الْقَوِيمُ: توغرا دىن، ئىسلام دىنى.

رَأْيٌ قَوِيمٌ: توغرا پىكىر.

طَرِيقٌ قَوِيمٌ: تۈز يول.

قَوِيٌّ ج أَقْوِيَاءُ: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، ئىقتىدارلىق.

الْقَوِيّ: ھەممىگە قادىر ئاللاھ.

﴿إِنَّ رَبَّكَ هُوَ الْقَوِيُّ الْعَزِيزُ﴾ «قرآن»: پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.

«هُوَ رَجُلٌ قَوِيّ الْعَزِيمَةِ»: ئۇ ئىرادىسى كۈچلۈك ئادەم.

«سِيَاسِيٌّ قَوِيٌّ عَلَى إِسْكَاتِ خُصُومِهِ»: رەقىبلىرىنى ئېغىز ئاچۇرمايدىغان كۈچلۈك سىياسىيون.

قِيَاءٌ: قەي، ياندۇرۇش، قۇسۇش.

قِيَادٌ ج أَقْوِدَةٌ: چۇلۋۇر، تىزگىن.

فُلَانٌ سَهْلُ الْقِيَادِ: پالانى رايىش.

قِيَادَةٌ ج قِيَادَاتٌ: يېتەكلىمەك، رەھبەرلىك قىلماق، قوماندانلىق قىلماق، قوماندانلىق شتابى.

قِيَادَةٌ عُلْيَا: ئالىي قوماندانلىق شتابى.

«نَجَحَ الْحِزْبُ بِقِيَادَةِ فُلَانٍ»: پالانىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن پارتىيە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

الْقِيَادَةُ الْعَامَّةُ لِلْجَيْشِ: باش قوماندانلىق شتابى.

مَجْلِسُ قِيَادَةِ الثَّوْرَةِ: ئىنقىلابىي قوماندانلىق كومىتېتى.

قِيَادِيٌّ: قوماندانلىق، رەھبەرلىك، يېتەكچىلىك.

مَرْكَزٌ قِيَادِيٌّ: رەھبەرلىك ئورگىنى، قوماندانلىق شتابى.

قِيَاسٌ: مەغرۇرلۇق، گىدەيمەك.

قِيَاسٌ ج قِيَاسَاتٌ وَ أَقْيِسَةٌ: ئۆلچىمەك، سېلىشتۇرماق، قىياس قىلماق، ئۆلچەم، قائىدە.

قِيَاسُ الرَّأْيِ الْعَامِّ: جامائەت پىكرىنى ئىگىلەپ كۆرۈش.

قِيَاسًا عَلَى كَذَا. بِالْقِيَاسِ إِلَى كَذَا: شۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، شۇ بويىچە.

قِيَاسِيٌّ: قىياس قىلىنغان، ئۆلچەمگە توشىدىغان، قائىدىلىك، رەتلىك، نەزىرىيىۋى.

رَقْمٌ قِيَاسِيٌّ: رېكورت، يۇقىرى نەتىجە.

قِيَاسِيًّا: قائىدە بويىچە، قىياسەن.

«سَجَّلَ اللَّاعِبُ رَقْمًا قِيَاسِيًّا فِي الْأَهْدَافِ»: تەنھەرىكەتچى رېكورت ياراتتى.

قِيَاضٌ: باراۋەر، تەڭ، تەڭمۇتەڭ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل.

قِيَافَةٌ: ئىزچىلىق كەسپى، شەكىل، قىياپەت، تاشقى كۆرۈنۈش، چىراي، سىرت.

قِيَامٌ: تۇرماق، ئورنىدىن تۇرماق، يۆلەنچۈك، تىرەك.

قِيَامُ النَّسِيجِ: ئۆرۈش يىپ.

﴿وَلَا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمُ الَّتِي جَعَلَ اللهُ لَكُمْ قِيَامًا﴾ «قرآن»: ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار.

«كَانَ يَقُومُ اللَّيْلَ فَتَرَكَ قِيَامَ اللَّيْلِ» «حديث»: ئۇ كىشى كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى، كېيىن تەھەججۇد نامىزىنى تاشلاپ قويدى.

قِيَامُ السَّاعَةِ: قىيامەت كۈنى.

قِيَامَةٌ: ھامىي بولماق، ھامىيلىق قىلماق، ۋەسىيلىك قىلماق؛ قىيامەت؛ قالايمىقانچىلىق، پاراكەندىچىلىك.

قِيَامَةُ الْأَمْوَاتِ: ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىشى.

يَوْمُ الْقِيَامَةِ: قىيامەت كۈنى

﴿فَاللهُ يَحْكُمُ بَيْنَكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فِيمَا كُنْتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾ «قرآن»: ئاللاھ قىيامەت كۈنى سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

قَامَتْ قِيَامَتُهُ: غەزىپى تاشتى.

سُورَةُ الْقِيَامَةِ: قۇرئـان كەرىمـدىكى قىيـامەت سۈرىسى.

قَيْءٌ: قەي، ياندۇرۇش، قۇسۇق، قەي قىلىش.

قَيْءُ الْوَحْمَى: سىزىك قۇسۇقى.

قَيْتٌ. قِيتَةٌ: يېمەكلىك، ئوزۇقلۇق، رىزىق، تۆتمە.

قِيْتَارٌ ج قِيثَارَاتٌ: گىتار.

قِيثَارٌ وَ قِيثَارَةٌ ج قَيَاثِيرُ قِيثَارَاتٌ: گىتار.

قِيثَارَةٌ إِلِيكْتِرُونِيَّةٌ: ئېلېكترونلۇق گىتار.

قَيْحٌ ج قُيُوحٌ: يىرىڭ، زەرداپ.

قَيْحِيٌّ: يىرىڭلىق.

قَيْدٌ ج قُيُودٌ وَ أَقْيَادٌ: كىشەن، كويزا، سىرتماق؛ تانا، شەرت.

قَيْدُ الأَسْنَانِ: چىش مىلىكى.

بِلَا قَيْدٍ: شەرتسىز.

طَلِيقٌ مِنْ كُلِّ قَيْدٍ: ھەرقانداق چەكلىمىدىن خالىي.

فُلَانٌ مَازَالَ عَلَى قَيْدِ الْحَيَاةِ: پالانى ھېلىمۇ ھايات.

عَلَى قَيْدِ الْبَصَرِ: ئوقاي كۆرگىلى بولىدىغان.

الْمَوْضُوعُ قَيْدَ الدَّرْسِ: ماۋزۇ مۇھاكىمە قىلىنىۋاتىدۇ.

قُيُودُ الإِنْتِخَابِ: سايلامنىڭ شەرتلىرى.

قِيدٌ: ئۆلچەم، مۆلچەر، مىقدار، سان، مۇسابە.

«لَمْ يَتَزَحْزَحْ عَنْ رَأْيِهِ قِيدَ شَعْرَةٍ»: ئـۇز پىكرىـدىن قىلچىمۇ يانمىدى.

قَيْدَامٌ: ئالـدىغا ئۆتـۈپ كەتـكەن، ئىلگىـرىلەپ كەتكەن.

قَيْدُومٌ: ئىلگىـرىلەپ كەتكـۈچى، ئالـدىغا ئۆتـۈپ كەتكۈچى.

قَيْدُومُ الْجَبَلِ: تاغ ئۇمشۇقى.

قَيْدِيٌّ: تىزىملىغۇچى، رويخەتكە ئالغۇچى.

قِيرٌ: قارىماي.

قِيـرَاطٌ ج قَـرَارِيطُ: بارمـاق كەڭلىكـى، 2.83 سانتىمېتىرغا تەڭ.

قِرْمِيدٌ: كەج.

قَيْرَوَانٌ ج قَيْرَوَانَاتٌ: كاروان؛ زور قوشۇن؛ يىلقا.

قَيْسٌ: مەغرورلۇق، گىدەيمەك.

قِيْسَارِيَّةٌ: كۆرگەزمىخانا، يەرمەنكە.

قَيْسَرِيٌّ ج قَيَاسِرُ وَ قَيَاسِرَةٌ: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، چوڭ، ئۇلۇغ، قەيسەر.

قَيْسُونِيٌّ: كۆلچەك.

قِيْشَانِيٌّ: گۈللۈك خىش، فارفور قاچا- قۇچىلار.

قِيْصَارِيَّةٌ: كۆرگەزمىخانا، يەرمەنكە.

قَيْصَانَةٌ: بىر خىل بېلىق.

قَيْصَرٌ ج قَيَاصِرَةٌ: رۇم پادىشاھلىرىنىڭ ئاتىلىشى.

قَيْصَرُ الرُّوسِ: چار پادىشاھ.

قَيْصَرِيٌّ: خانلىق، پادىشاھلىق.

قَيْصَرِيَّةٌ: ئۈستى يېپىق بازار.

الْعَمَلِيَّـةُ الْقَيْـصَرِيَّةُ (للتوليـد): بالىيـاتقۇ ئوپېراتسىيىسى، قورساقنى يېرىپ بالىنى ئېلىش ئوپېراتسىيىسى.

قَيْضٌ: تۇخۇم شاكىلى؛ باراۋەر، تەڭ.

قَيْطُوسٌ: كىت.

قَيْظٌ ج أَقْيَاظٌ: قاتتىق ئىسسىق، تومۇز.

غُرَابُ الْقَيْظِ: قارا قاغا.

أَتَى فِي قَيْظِ النَّهَارِ: ئىسسىق قاينىغاندا كەلدى.

قِيلٌ: سۆز، كالام، جاۋاب.

﴿لَا يَسْمَعُونَ فِيهَا لَغْوًا وَلَا تَأْثِيمًا إِلَّا قِيلًا سَلَامًا سَلَامًا﴾ «قرآن»: ئـۇلار جەننەتـتە بىھـۇدە ۋە يالغـان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدۇ، پەقەت سالام! سالام سۆزىنىلا ئاڭلايدۇ.

قَيْلٌ ج أَقْيَالٌ: جـاھىلىيەت دەۋرىـدىكى يەمەن پادىشاھلىرىنىڭ لەقىمى، ئاتىلىشى.

قِيلَةٌ مَائِيَّةٌ: ئۇرۇقـدان خالتىـسىدىكى سـۇلۇق ئىششىق.

قَيْلُولَةٌ: چۈشلۈك ئۇيقۇ، چۈشلۈك دەم ئېلىش.

قِيمَةٌ ج قِيَمٌ: مىقدار، نەرسىنىڭ قىممىتى، ئومومىي سانى.

قِيمَةٌ إِسْمِيَّةٌ: بەلگىلەنگەن باھا.

الْقِيمَةُ الْحَالِيَّةُ: ھازىرقى باھا، بازار باھاسى.

الْقِيمَةُ الزَّائِدَةُ: قوشۇمچە باھا.

ذُو قِيمَةٍ: قىممەت، قىممەتلىك.

لَا قِيمَةَ لَهُ: ئۇنىڭ قىممىتى يوق، ئەھمىيەتسىز.

الْقِيَمُ الثَّقَافِيَّةُ: مەدەنىي قىممەتلەر.

قَيْنٌ ج أَقْيَانٌ وَ قُيُونٌ: تۆمۈرچى؛ قۇل.

قَيْنَةٌ ج قِيَانٌ: دېدەك، چۆرە؛ ناخشىچى ئايال؛ گىرىمچى ئايال.

قُيُودَاتٌ: ئەنزە، ئىش، ۋەقە، دىلو، ئارخىپ، تىزىملاش دەپتىرى.

قَلَمُ قُيُودَاتٍ: تىزىمغا ئالدۇرۇش ئورنى.

كَاتِبُ قُيُودَاتٍ: تىزىملىغۇچى، رويخەتكە ئالغۇچى.

قَيَّارٌ: قارىماي ياتقۇزغۇچى، قارىماي ئىگىسى.

قَيَّاسٌ ج قَيَّاسُونَ: ئۆلچىگۈچى، ئۆلچەش خادىمى.

قَيَّاسُ الْأَرَاضِي: يەر ئۆلچىگۈچى.

قَيَّافٌ: ئەگەشكۈچى، ئىز قوغلىغۇچى، پايلاقچى.

قَيَّالَةٌ: چۈش، چۈش ۋاقتى.

قَيَّامٌ: باشقۇرغۇچى، مەڭگۈ ھايات.

قَيَّأَ يُقَيِّئُ تَقْيِئَةً .هُ: قەي قىلدۇردى.

«**قَيَّأَتِ الْأُمَّ ابْنَهَا لِأَنَّهُ شَرِبَ سَائِلًا مُضِرًّا**»: ئوغلى زىيانلىق ئىچىملىك ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئانىسى ئۇنى قەي قىلدۇردى.

قَيَّحَ يُقَيِّحُ تَقْيِيحًا الْجُرْحُ: يارا يىرىڭداپ قالدى.

قَيَّدَ يُقَيِّدُ تَقْيِيدًا الرَّجُلَ: كىشىنىڭ پۇتىغا كىشەن سالدى، چۇشىدى.

قَيَّدَ الشَّيْءَ فِي دَفْتَرٍ: نەرسىنى دەپتەرگە يازدى، تىزىملىدى.

«**قَيَّدَ اسْمَهُ فِي قَائِمَةِ النَّاخِبِينَ**»: ئۇ ئىسمىنى سايلىغۇچىلار تىزىملىكىگە تىزىملاتتى.

قَيَّدَ حُرِّيَّتَهُ: ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغدى.

قَيَّدَ أَفْكَارَهُ: پىكىرلىرىنى خاتىرىلىدى.

قَيَّدَ الْعَقْدَ بِشُرُوطٍ: بىرقانچە شەرتلەر بىلەن توختام تۈزدى.

قَيِّدٌ: ياۋاش، ئىتائەتچان، كۆنگەك.

قَيَّرَ يُقَيِّرُ تَقْيِيرًا السَّفِينَةَ: كېمىگە قارىماي سۈركىدى.

قَيَّشَ يُقَيِّشُ تَقْيِيشًا الْمُوسَى: ئۇستىرىنى بىلىدى، كايىلىدى.

قَيَّضَ يُقَيِّضُ تَقْيِيضًا: تەيىنلىدى، بەلگىلىدى، بېكىتتى.

«**قَيَّضَ اللهُ لَهُمْ حَاكِمًا عَادِلًا**»: ئاللاھ ئۇلارغا ئادىل ھۆكۈمرانىنى بېكىتىپ بەردى.

﴿**وَقَيَّضْنَا لَهُمْ قُرَنَاءَ**﴾ «قرآن»: ئۇلارغا بىز (شەيتانلاردىن) دوستلارنى مۇسەللەت قىلدۇق.

«**مَا أَكْرَمَ شَابٌّ شَيْخًا لِسِنِّهِ إِلَّا قَيَّضَ اللهُ لَهُ مَنْ يُكْرِمُهُ عِنْدَ سِنِّهِ**» «حديث»: بىرەر ياش ياشانغان كىشىنى ھۆرمەتلەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇ كىشىنىڭ يېشىغا بارغاندا ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر كىشىنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىدۇ.

قَيْظٌ: قاتتىق ئىسسىق، تومۇز.

قَيَّفَ يُقَيِّفُ تَقْيِيفًا أَثَرَهُ: ئۇنىڭ ئىزىدىن ئەگەشتى، ئىزىغا چۈشتى.

قَيَّلَ يُقَيِّلُ تَقْيِيلًا: ئۇنى ئۇخلاتتى.

«**قَيَّلَهُ فِي مَنْزِلِهِ الصَّيْفِيِّ عَلَى شَاطِئِ الْبَحْرِ**»: ئۇنى دېڭىز ساھىلىدىكى يازلىق داچىسىدا چۈشلۈك دەم ئالدۇردى.

قَيَّمَ يُقَيِّمُ تَقْيِيمًا الشَّيْءَ: نەرسىنىڭ قىممىتىنى باھالىدى.

قَيِّمٌ: تۈز، رۇس؛ ۋەكىل، ھامىي، ۋەسىي، گۇماشتا.

قَيِّمٌ عَلَى فُلَانٍ: پالانىنىڭ قوغدىغۇچىسى.

كُتُبٌ قَيِّمَةٌ: قىممەتلىك كىتابلار.

﴿وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «قۇرئان»: ئەنە شۇ توغرا دىندۇر.

قَيِّمٌ ج قَيِّمُونَ: باشلىق، مەسئۇل.

قَيِّمُ الْمَدْرَسَةِ: مەكتەپ مۇدىرى.

قَيِّمُ الْجَمَاعَةِ: كوللېكتىپنىڭ مەسئۇلى.

قَيَّنَ يُقَيِّنُ تَقْيِينًا غَيْرَهُ: ياساندۇردى، بېزىدى، گىرىم قىلدى، پەردازلىدى.

قَيُّومٌ: باشقۇرغۇچى؛ مەڭگۈ هايات.

الْقَيُّومُ: ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بولۇپ، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ دېگەن مەنىدە.

﴿اللهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «قۇرئان»: ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.